1986
ژىل
ئوكتەبر
№19 (236)

باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976– ژىلى دېكابىردىن چىقىۋاتىدۇ.



## ئالتۇن داننىڭ ئاخىرقى باشاقلىرى...

بۇ كۈنلەردە جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ جاي– جايلىرىدىن خۇش خەۋەرلەر كەلمەكتە. گوزەل باھار بىلەن ئىسسىق ياز پەسلى ئارقىدا قېلىپ، توكۇن– ئالقان كوز ئايلىرى ئوتمەكتە.

قوستاناي بىلەن كوكچېتاۋ ئوبلۇسلىرى 86–ژىللىق ھوسۇل ژىغىشتا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىگى خەۋەر قىلىندى.

قازاقستان بولسا ئېلىمىزدىكى ئاشلىق يېتىشتۈرىدىغان ئاساسلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ژىل جۇمھۇرىيىتىمىز دېخانلىرى كۈزلۈك ھاۋارايىنىڭ كوڭۇلدىكىدەك بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر مول ھوسۇل بەرپا قىلىشتى.



سۈرەتلەردە: ئاخىرقى ئاشلىقلار ئورۇلماقتا.

* ئالمۇتا ئوبلۇسى، باقاناس ئاۋتوترانسپورت كارخانىسىنىڭ شوفيورى ئا. ئادىلبېكوۋ.

* جېزقازغان ئوبلۇسى، ئۇلىتاۋ رايونى «ئاستىقتى» سوۋخوزىنىڭ تېخنىگى، قازاقستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ دېپۇتاتى ك. سۇلايمانوۋا.

* ئاشلىق كارۋىنى.





## قىسقا خەۋەرلەر

### مۇئەللىملەر كۈنى ئاتاپ ئۆتۈلدى

* سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەر ژىلى ئوكتەبر ئېيىنىڭ بىرىنچى يەكشەنبىسى مۇئەللىملەر مەرىكىسى سۈپىتىدە ئاتاپ ئۆتىلىدۇ.

* س س س ردا مۇئەللىملەر تەييارلايدىغان 270 ئالىي بىلىم يۇرتى بىلەن 330 ئۇچىلىششى بار.

* ئېلىمىزدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىگى ژۇقۇرى باھالىنىدۇ. 250 مۇئەللىم، ئىشلەپچىقىرىش جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇستىلىرى، مەكتەپلەر ۋە كەسپىي تېخنىكىلىق ئۇچىلىششىلارنىڭ مۇئەللىملىرى سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى ئاتىغىغا ئېگە بولغان.

* 60 ئادەم «س س س ر خەلىق مۇئەللىمى» ئاتىغىغا ئېگە. 1984– ژىلى سېنتەبردە باشلانغان خەلىق ئاقارتىش خىزمەتچىلىرىنىڭ ئايلىقىنى ئاشۇرۇش ھەققىدىكى چارە 1987– ژىلى تولۇق ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ مەخسەتتە ھەر ژىلى 3،5 مىللىارد سوم خىراجەت ئاجرىتىلىدۇ.

### ئازاماتنىڭ ئۇتۇغى

ئالمۇتا شەھرىدىكى 16–ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 5– سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 16 ياشلىق ئازامات ئابۇۋ قازاقىستاندىكى ئەڭ ياش بىرىنچى رەزرەدلىك شاشكىچى. ئاۋگۇست ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئا. ئابۇۋنىڭ نامى كۆپچىلىككە مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ 64 كلېتكىلىق تاختىدا ئوينىغان كومبىناتسىيەسى «پىونېرسكايا پراۋدا» گېزىتىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مەزكۇر ئۇۋۇقتا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى فىناللىق ئويۇنلار ئوتكۈزۈلگەن لىتۋا شەھرى پانۋېرىستا ئېگە بولدى.

ئوتكەن ژىلى ئازامات خاركوۋ شەھىردە ئوتىدىغان بالىلارنىڭ «سويۇز–5» شاشكا فېستىۋالىغا ماگىدىغان كاماندىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قوبۇل قىلىندى. ئۇ خاركوۋتا ياخشى ئوينىدى ۋە چوڭلارنىڭ ئىككىنچى سپورت رەزرەدىنى ئورۇنلىدى. بىر ئازدىن كېيىن «موجىزە شاشكا» بويىچە ئالمۇتا چېمپىونى ئاتالدى.

ھازىر ئازامات كوماندىدا تۇراقلىق ئورۇن ئېگەللىگەن. بېيىل ئەتىيازدا ئۇ پۈتكۈل ئىتتىپاقلىق «باكۇ– 86» شاشكا فېستىۋالىدا قازاقىستانغا ۋاكالەتلىك قىلدى. ئېلىمىزنىڭ جاي– جايلىرىدىن كەلگەن 90 سپورتچى بىرىنچىلىك ئۈچۈن مۇسابىقىلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇزغا يېقىن سپورت ئۇستىلىرىغا كاندىدات بار ئىدى. ئامما ئۇلارنىڭ ئۇنۇۋانلىرى ئازاماتنى ھودۇقتۇرالمىدى. بۇ مۇسابىقىدا ئۇ پەخرى ئالتىنچى ئورۇنغا ئېگە بولدى.

كېيىن ئالمۇتا چېمپىوناتىدا، پېتروپاۋلوۋسكىدا ئوتكەن پۈتكۈل ئىتتىپاقلىق مۇسابىقىدا ئالدىنقى ئورۇننى ئېگەللىدى.

## قازاقستان ئالىملىرى

# موجىزىلەر كەشپىياتچىسى

غاممار يېرىم كېچە بولغاندا سىزىۋاتقان چېرتېژلىرى ئۈستىگە كۆز ئەينىكى بىلەن قەلىمىنى قويۇپ، بالكونغا چىقتى. ئالمۇتا ئۈستىگە تۈن قاراڭغۇسى چۆككەن. پەقەت سانسىز چىراقلار يۇلتۇزلار بىلەن بەسلەشكەندەك نۇرىنى چېچىپ، چىمىرلايدۇ.

ئۇ تۈن گۈزەللىكىدىن ھوزۇر ئېلىپ، ئۆيگە قايتتى. ئالمۇتىغا كېلىپ، ۋ. ئى. لېنىن نامىدىكى پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتىدا ئىشلەشكە باشلىغىنىغىمۇ ھەش- پەش دېگىچە ئون يىل بولۇپ قاپتۇ. تىنىمسىز ئەمگەك، ئىزدىنىش، تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن ئون ئىككى يىل!

كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاغ- كان ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئېغىر قول ئەمگىكىنى تۈگىتىش جەھەتتىن كۆپ ئىشلار قىلىندى. لېكىن پارتلىتىش ئىشلىرى ئالىملارنىڭ، كونستروكتورلارنىڭ، ئىنژېنېرلارنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنماي، ئورغۇن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ، ئەمگەك بىخەتەرلىكىگە جىددىي دەخلى يېتىپ كېلىۋاتاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىنى تاغ- كان ماشىنىلىرىنى تەكامۇللاشتۇرۇش، كەشىپ قىلىش ئىشىغا بېغىشلاپ كەلگەن ئالىم ئەينە شۇ جەريانىنى مېخانىكىلاشتۇرۇشنى ئارمان قىلىپ، شۇ ھەققىدە باش قاتتۇرۇپ ژۈرەتتى. زەرەد قىلىپ، يەتكۈزۈپ بېرىدىغان، ئۆزى ماڭىدىغان ماشىنىنى ئىجات قىلىش دەۋرىنىڭ، كانلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنىڭ، ئىنژېنېرلارنىڭ جىددىي تەلىۋى ئىدى. مانا، شۇنداق پەيتتە «سويۇز پولىمېتالل» قازاقستان پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتى بىلەن ھازىرقى تەلەپلەرگە جاۋاپ بېرىدىغان ماشىنىنى لايىھىلەش ۋە تەييارلاش توغرىلىق ئېگىلىك كېلىشىم تۈزدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمى ئاگرېگاتنىڭ پۈتۈش مۇددىتى دەپ بەلگۈلەندى.

بۇ جاۋاپكەرلىك ئىش ئىنستىتۇتنىڭ «ئەمگەكنى قوغداش» كافېدراسىنىڭ خادىملىرىغا- ساھالىق ئىلمىي- تەتقىقات لابوراتورىيەسىنىڭ باشلىغى تېخنىكا پەنلىرىنىڭ كاندىداتى غ. ئىسخاقوۋ باشچىلىقىدا بىر نەچچە كىشىگە تاپشۇرۇلدى.

غ. ئىسخاقوۋ رەھبەرلىكىدىكى گۇرۇپپا ئوز پائالىيىتىنى ئەق مەيداندا تەكشۈرۈش- تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن باشلىدى. دالنېگورسكقا پات- پات بېرىپ، يەر ئاستى كانلىرىغا چۈشۈپ، ئاگرېگات ئىشلىشى كېرەك بولغان شارائىت بىلەن تونۇشتى. چوڭقۇر تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر ئوز نەتىجىسىنى بەردى: س ز م- ش 5 «پ ت ئى- دالپولىمېتالل» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى ماشىنا مۇددىتىدىن ئون بەش ئاي بۇرۇن ياسىلىپ، سىناپ كۆرۈلدى. سىناق مۇۋاپپەقىيەتلىك ئاياقلىشىپ، س ز م- ش 5- «كازېت ئى- «دالپولىمېتالل» ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىشقا باشلىغاندا سىناق ئېلىپ بارغان بىرىگادىر، دۆلەت مۇكاپىتىنىڭ لائۇرېاتى ۋ. يۇركېۋىچ ئالىملارغا ئوز كوللېكتىۋىنىڭ مىننەتدارلىق خېتىدە خۇشاللىقىنى مۇنداق دەپ ئىزھار قىلدى: «بىز بۇ ماشىنىنى موجىزىلىك ماشىنا دەپ ئاتايمىز. ئۇ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ئىككى- ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇش، پارتلىتىش بىخەتەرلىكىنى تەمىنلەش ئىمكانىيىتىنى بەردى. ئېغىر قول ئەمگىكىنى كۆپ دەرىجىدە يېنىكلەتتى. مۇنداق ماشىنىلار ئىنتايىن زورۇر ۋە ئەھمىيەتلىك».

بۈگۈنكى كۈندە غ. ئىسخاقوۋ گۇرۇپپىسى ياراتقان بۇ ئەجايىپ ماشىنا ئېلىمىزدا كەڭ قوللىنىلماقتا. ئۇنىڭ تېخنىكىلىق دەرىجىسى، سۈپىتى پەقەت بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ تەن ئېلىندى.

ھەقىقىي ئالىم- ئۇ كەشپىياتچى. كەشپىياتچى بولسا، پەقەت يارىتىش، ئىجات قىلىش ئىشتىياقى بىلەن ياشايدۇ. غ. ئىسخاقوۋ 1953- يىلى م. ئى. كالىنىن نامىدىكى موسكۋا رەڭلىك مېتاللار ئىنستىتۇتىنىڭ تاغ- كان فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ، 1958- يىلى تاماملىدى. 1959- 1964- يىللاردا لېنىنوگورسك كانىنىڭ ئۇستىسى، ئۇچاستكا باشلىغىنىڭ ئورۇنباسارى، 1965- 1974- يىللاردا قىرغىزستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاۋتوماتىكا ئىنستىتۇتىدا كىچىك ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىدى. 1972- يىلى ئوز مۇتەخەسسىسلىگى بويىچە كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ياقلىدى.

ئالىم 63 ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مۇئەللىپى، 8 كەشپىياتنى ئىشلەپ چىقىرىشقا تەدبىق قىلىنغان غاممار تېمىرغەلى ئوغلىنىڭ ئىلمىي- ئەمەلىي ئىشلىرى مۇناسىپ باھالىنىپ، 1984- يىلى «س س س ر كەشپىياتچىسى» دېگەن نېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان.

مەن ئالىمدىن ھازىر ئوزىنىڭ ۋە ئىنستىتۇتتىكى كەسىپداشلىرىنىڭ نېمە ئۈستىدە ئىشلەۋاتقانلىقى توغرىلىق سورىدىم.

- بىزنىڭ ئىشىمىز، خۇددى باشقا ساھادىكى ئىشلارغا ئوخشاش، خىلمۇ خىل جايلاردىكى كەسىپداشلىرىمىز، ئالىملار ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ۋاختىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلمىي- تېخنىكىلىق ئورۇنلىرىغا، كارخانىلىرىغا بېرىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش بىلەن ئوتىدۇ. يېڭى ماشىنا كەشىپ قىلىۋاتىمىز. يېقىندا ئۇنىڭ ئۈلگىسىنى ياساپ، تېگىشلىك كارخانىلارغا ئەۋەتتۇق. ئەگەر ئۇ ئىشقا قوشۇلسا، مۇنداق ماشىنىلارنىڭ پەقەت بىرىلا 30- 40 مىڭ سومنى تېجەش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. قازاقستاننىڭ ئوزىگىلا مۇنداق ماشىنىدىن 300- 330 كېرەك. دېمەك، جۇمھۇرىيىتىمىز كان ئىشلەپچىقىرىشىدىلا ئۇلارنىڭ ھېساۋىغا كېلىدىغان يىللىق پايدا 10- 12 مىللىون سومغا يېتىپ بارىدۇ.

پارتىيەمىز 27- سېيزى ئالىملارنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن چوڭ ۋەزىپىلەرنى قويدى. يەر ئاستىدا قىلىنىدىغان ئىشلارنى تولۇق مېخانىكىلاشتۇرۇش، قول ئەمگىكىنى تۈگىتىش بۈگۈنكى كۈننىڭ تەلىۋى.

كوممۇنىست ئالىم، كەشپىياتچى غاممار تېمىرغەلى ئوغلى ئىسخاقوۋ «ژىگنە بىلەن قۇدۇق قېزىپ» يېڭىلىق ياراتقان كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىكى پەنگە مۇھەببەت، قەيسەرلىك، جاپاغا چىداش، ئادالەتلىك ئۈچۈن كۈرىشىش، نوۋاتورلۇق ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەر كەسىپداشلىرىدا ھۆرمەت ھېسلىرىنى ئويغىتىشى تەبىي.

**ئۇچقۇن.**

# تاشكەنت ئەنجۇمەنى

يېقىندا تاشكەنت شەھىرىدە زور خەلقئارا كونفېرېنسىيە بولۇپ ئوتتى. ئۇنىڭدا ئالتاي تىلى تۈركۈمىگە كىرىدىغان (تۈركى، موڭغۇل، تۇڭگۇس، مانجۇر ۋە باشقا) تىللىدىكى خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ تىل ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە پىكىر ئېلىشتى. 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تا ھازىرغا قەدەر بولغان دەۋردىكى ئورغۇنلىغان ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرى ئالتاي تۈركۈمىدىكى تىللارنىڭ بىر- بىرىگە يېقىنلىقىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئالتاي تەۋەسىنى ماكانلىغان خەلقلەرنىڭ ئوز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشقا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ تەتقىقات جەريانىدا ئىككى خىل كوز قاراشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىگىنى كورىمىز. ئۇنىڭ بىرى ئالتاي تىللىرىغا كىرىدىغان تۈركى، موڭغۇل تىللىرى قېدىمى زامانلاردا بىر تىل بولغان ۋە خەلقىمۇ بىر خەلق بولغان دېگەن پىكىرنى قوللايدۇ. ئىككىنچىسى بولسا تۈركى، موڭغۇل خەلقلەرنىڭ تارىخى، تىل يېقىنلىقلىرى كۆپ ئەسىرلەر بويى خوشنا بولۇپ ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن قېلىپلاشقان ئالاقىلاردىن كېلىپ چىققان دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇلارنى تىل كلاسسىفىكاتسىيەسى جەھەتتىنمۇ، ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىنمۇ باشقا- باشقا خەلقلەر دەپ قارايدۇ.

مەزكۇر ئەنجۇمانغا بارلىق سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردىن دېگۈدەك ئالىملار قاتناشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركى تىللىق جۇمھۇرىيەتلەرمۇ ئوز ئالىملىرىنى ئەۋەتتى. ئۇندىن باشقا موسكۋا، لېنىنگراد، باكۇ، قازان، ئۇفا ۋە باشقا شەھەرلەردىنمۇ ئالىملار كەلدى. ئاتاقلىق سوۋېت تۈركىيشۇناس ئالىملىرى ن. باسقاقوۋ، ئا. تېنىشېۋ، ئا. شىرباك باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئالىملار مەزكۇر خەلقئارا كونفېرېنسىيەنىڭ ھەم تەشكىلاتچىلىرى ھەم قىممەتلىك تەتقىقاتلارنىڭ مۇئەللىپلىرىدۇر. ئۇندىن تاشقىرى ئەنجۇمانغا ئامېرىكىدىن ئالىمە ل. سېر تاۋتاس كەلدى. مەزكۇر خانىم قازاق، ئوزبەك تىللىرىنى ياخشى بىلىدۇ، ئىلگىرىمۇ مەملىكىتىمىزدىكى يىغىنلارغا تەشرىپ ئەتكەن. غەربىي گېرمانىيە بىلەن ياپونىيەدىنمۇ تارىخچىلار بىلەن ئەدەبىياتچىلارنىڭ بىر تۈركۈمى كەلدى. شۇنداقلا خوشنا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بىر توپ «ئالتاي» تىلى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن تۈركىيشۇناسلار قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا ئەركىن سوزلىشەلەيدىغان چىن ۋەي، ئۇيغۇر تىلىنى يېتۈك بىلىدىغان گەن شى مىنلار بار.

بىر ھەپتە داۋام قىلغان تاشكەنت كونفېرېنسىيەسىدە ئالىملار 8 گۇرۇپپىغا بولۇنۇپ ئىش ئېلىپ باردى. ئالتىسى ئالتاي تىللىرى بويىچە، ئىككىسى تۈركىيشۇناسلىق بويىچە دوكلادلار تىڭشىدى. 300 دىن ئارتۇق دوكلاد بىلەن مۇنازىرىدە سوزگە چىقشلار بولدى. تاشكەنت كونفېرېنسىيەسىگە ئەڭ ئاكتىۋ ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ تۈركىيە . ئالىملىرى ئېكەنلىگىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەك.

ئورغۇنلىغان تۈركولوگىيەلىك كېڭەشلەرنىڭ قاتناشچىسى ت. تېكىن بىلەن ز. قورقماس رەھبەرلىكىدىكى تۈركىيە ئالىملىرى ئىنتايىن قىزىقارلىق تەتقىقاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

باشقا جۇمھۇرىيەتلەر قاتارىدا قازاقستاندىنمۇ بىر قىسىم ئالىملار قاتناشتى. قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنى تەشكىل قىلىشقا قاتناشقان، 1946- يىلدىن ئاكادېمىك، قازاقستان س س ر پەنگە خىزمەت كورسەتكەن ئەرباپ، جۇمھۇرىيەت پەنلەر ئاكادېمىيەسى رىياستىنىڭ ئەزاسى، بەلگۈلۈك تىلشۇناس ئىسمەت كېڭېسباي ئوغلى، قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېنىدىكى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى، ئاكادېمىك ئابدۇۋەلى قايداروۋ، ياش تارىخچىلار ك. بايباقوۋ، ب. كومېكوۋلار، تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى، ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى سەۋلى ئىسمېت قىزى كېڭېسبايېۋالارمۇ قاتناشتى. ئاكادېمىك كېڭېسبايېۋ بىلەن قايداروۋلار دوكلاد بىلەن سوزگە چىقتى.

كونفېرېنسىيە ئالتاي تۈركۈمى تىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈن ۋاقىت تەتقىق قىلىشنى، تارىخنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقاردى.

كونفېرېنسىيە ماتېرىياللىرى كىتاب بولۇپ بېسىلغۇسى.

**توختار ئارىن ئوغلى،**

**فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى.**

# كىتاپ مۇزېيى

1978- يىل 20- ئوكتەبىر كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى تۇنجا كىتاب مۇزېيى ئېچىلغان ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ كىشىلەرنىڭ كوپلەپ كېلىپ، قىزىقىپ كورىدىغان ھەم مەدەنىي، ھەم ئىلمىي ئورۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مۇزېيى پەقەت كورگەزمە قىلىش خۇسۇسىيىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىلمىي ئاقارتىش مەھكىمىسى سۈپىتىدىمۇ قازاق خەلقىنىڭ كىتاب نەشىر قىلىش تارىخىدىن ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىدۇ. 1920- يىلى يورۇققا چىققان ئېلىپبەدىن باشلاپ 12 توملۇق قازاق سوۋېت قامۇسىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا كىتاب نەشىر قىلىش شەجەرىسى ئىنتايىن بايدۇر.

مۇزېينىڭ سولەتلىك ئالتە زالىدا كىتاب نەشىر قىلىش تارىخىنىڭ دۇنياۋى شەجەرىسىدىن تارتىپ، جۇمھۇرىيىتىمىزدە نەشرىيات ئىشىنىڭ قېلىپلىشىشى بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل قىزىقارلىق ماتېرىياللار بار. مەسىلەن، قازاقستان زېمىنىدىن تېپىلغان ئەڭ قېدىمى ھېساپلانغان تۈركى يېزىقى ئويۇلغان تاشلار، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر خەلقىدىن چىققان ئۇلۇق فىلولوگ مەخمۇت قەشقەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئۈچ توملۇق ئەسىرىنىڭ ستامبۇل شەھىرىدىكى رىفات نەشرىياتىدىن 1913- يىلى چىققان دەسلەپكى نەشرى، خىۋا خانى ئابۇلغازى باھادۇرنىڭ «تۈركىيلەر شەجەرەسى» كىتاۋى، چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ 1906- يىلى پېتېربۇرگتا بېسىلىپ چىققان «ئەسەرلىرى»، ئۇلۇق ئاقىن ئابايىنىڭ 1909- يىلى پېتېربۇرگتا كەكتاي باستۇرۇپ چىقارغان شېئىرلار كىتاۋى، ئومبىدا چىققان «دالا ۋىلايىتى»، تاشكەنتتىكى «تۈركىستانىسكىي ۋېدوموستى» گېزىت بەتلىرى، تروئىسك شەھىرىدە چىققان «ئايقاپ» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانى بار. كورگەزمە زاللىرىدا رۇس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىنتايىن باھالىق ئەمگەكلىرىمۇ بار.

مۇزېيى فوندىدا بۇ كۈنلەردە 35 مىڭدىن ئارتۇق كىتاپ بار.

خەلق ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان كىتابلارنى ساقلايدىغان، تارىخى گېزىتلەر بىلەن ژۇرناللارنى، رەسىملەرنى يىغىدىغان ئادەملەر بار. ئۇنداقلارنىڭ بىزنىڭ چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلىرىمىز ئارىسىدىمۇ چىقىشى مۇمكىن. مانا شۇ خىل خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي بايلىقىنى كورسىتىدىغان باھالىق بۇيۇملار مۇزېيىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلق مۈلكىگە ئايلانسا ئىنتايىن ياخشى بولار ئىدى. بۇ خىل ماتېرىياللار كېلەچەك ئەۋلاتقا قىممەتلىك مىراستۇر. گېزىت ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوتۇنىدىغىنىمىز- كونا تارىخى كىتاپلار، قولىيازمىلار، گېزىت- ژۇرناللار بار بولسا ئالمۇتىغا تۆۋەندىكى ئادرېس بويىچە خەۋەر قىلسا: 480100، ئالمۇتا، كالىنىن كوچىسى 94- ئۆي، جۇمھۇرىيەتلىك كىتاب مۇزېيى.

**م. مالباقوۋ.**

